# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 | شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي

23

يەكشەنبە

维吾尔文 2 月23日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24980 - سان بۈگۈن 2 بەت


# شى جىنپىڭ بىل گايتسقا جاۋاب خەت يازدى

## گايتىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئامېرىكا گايتىس فوندى جەمئىيىتى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بىل گايتسقا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇ ۋە گايتىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشىنى مۇراجىئەت قىلدى. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

### جاۋاب خەت

بىل گايتىس ئەپەندى:

ياخشىمۇسىز! جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، سىز ۋە خانىمىڭىز رەھبەرلىكىدىكى فوندى جەمئىيەت مەردلىك بىلەن ياردەم بەردى، سىز ماڭا خەت يېزىپ جۇڭگو خەلقىنى قوللايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈردىڭىز، مەن بۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ ئامېرىكا پېڭتا ئىشتاتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا جاۋاب خەت قايتۇردى

2 - بەتتە



# «يۇقۇم»غا قارشى جەڭنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىمىز!

## —— ۋۇخەندىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچى توغرىسىدا

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان جاي، بىر شەھەر، بىر ئۆلكە پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ——

خۇبېي ئۆلكىسىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلار سانى ئۇزاق ۋاقىتقىچە مەملىكەت بويىچە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلار سانىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ كەلدى؛ ۋۇخەن شەھىرىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلار سانى ئۇزاق ۋاقىتقىچە پۈتۈن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ 70%ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ كەلدى. ۋۇخەن غەلىبە قىلسا خۇبېي غەلىبە قىلىدۇ، خۇبېي غەلىبە قىلسا پۈتۈن مەملىكەت غەلىبە قىلىدۇ!

ئاچقۇچلۇق جەڭ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى يەنىلا ئېغىر ۋە مۈشكۈل ——

ھازىر، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە توسۇپ قېلىندى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا: «شۇنى ئېنىق كۆرۈش كېرەككى، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقۇم تەرەققىياتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى تېخى يېتىپ كەلمىدى، خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

تۆمەنلىگەن جايا - مۇشەققەتتىمۇ يەنىلا قەيسەر تۇرۇپ، كۆرمىگىلى جايا - مۇشەققەت، زەربىلەرگە باش ئەگمەي، قانچە مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەش كېرەك.

يۇقۇمغا قارشى كەسكىن جەڭ داۋاملىشىۋاتىدۇ، غەلىبە قىلىشقا قاراپ تاشلانغان ھەربىر قەدەم ئاچقۇچ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، قەھرىمان ۋۇخەن خەلقى، خۇبېي خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، باتۇرلارچە جان تىكىپ ئېلىشىپ، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارماقتا.

بۇ، بىر مەيدان تاسادىپىي دۇچ كەلگەن دوقۇرۇشما جەڭ.

بۇ ۋىرۇس ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان؛ ۋەزىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەسكىن.

«خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك» «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇش كېرەك»، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بەردى.

بۇرغا چېلىندى، پۈتۈن مەملىكەت سەپەرۋەرلىككە كەلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مۇداپىئەلىنىش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇپ، يۇقۇمغا توسۇپ زەربە بېرىش خەلق ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن باشلاپ خۇبېيدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ۋۇخەندىن ئايرىلىش يولىنى ئېتىپ، يۇقۇمنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئولتۇراق رايونلارنى يېپىق باشقۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۈزۈۋېتىش... بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە، خۇبېي ئۆلكىسى، ۋۇخەن شەھىرى بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باشقۇرۇش، تىزگىنلەشنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت خىل كىشىلەر»نى تۈرگە ئايرىپ مەركەزلىك باشقۇرۇش تەدبىرىنى كۈچەپ ئەمەلىيلەشتۈردى. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ مۇنداق بىلدۈردى ——

# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئاسراش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە توسۇپ قېلىندى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ نەتىجىلەر كىشىنى تولىمۇ روھلاندۇرىدۇ. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېببىي خادىملارنىڭ خىزمىتى، تۇرمۇشى ۋە تەن ساغلاملىقىغا چىن قەلبىمىز، چىن ھېسسىياتىمىز بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئورتاق غەلىبە قىلىمىز.

### جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، تېببىي خادىملارنىڭ مېھرىبان قەلبىنى نامايان قىلىمىز

يۇقۇم —— بۇيرۇق. 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش - بىر تەرەپ قىلىش ۋە چۇما كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنىنىڭ خىزمەتچىسى ۋاڭ چىگو ۋە خىزمەتداشلىرى ۋۇخەنگە بېرىپ تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئاتلاندى. «باش شۇجىنىڭ مۇھىم يوليورۇقىدىكى ھەربىر خەت، ھەربىر جۈملىگە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت سىڭگەن بولۇپ، مەن ۋە خىزمەتداشلىرىم چوقۇم مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، مەسئۇلىيەت، بۇرچىمىزنى قەتئىي ياخشى ئادا قىلىمىز» دېدى ۋاڭ چىگو.

جاۋ فېي كورلا شەھەرلىك 2 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مەسئۇل دوختۇرى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە باردى. جاۋ فېي مۇنداق دېدى: بارلىق كەسپداشلار بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشەنچىمىز بار، ئىرادىمىز بار.

تېببىي خادىملار يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى تايانچ كۈچ. شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىن خېي مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم ئاغرىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى داۋالاش، مۇلازىمەت قىلىشتىكى ھەربىر ئىنچىكە ھالقىلارغىچە ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق تېببىي خادىملارنىڭ مېھرىبان قەلبىنى نامايان قىلىمىز».

### كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشنى كۈچەيتىپ، مەدەت، كاپالەت بىلەن تەمىنلەيمىز

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجىنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جاسارەت بىلەن بىرىنچى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ئاسراپ، ئۇلارنى باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقنى ۋە كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى، تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ماناس ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ جيەنجۈن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى بىزنىڭ مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە ئېنىق تەلەپ قويدى. بىز مۇداپىئەلىنىش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش ۋە مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تېببىي خادىملارنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەكى بولىمىز. (ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئاسراش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى بىرىنچى چوڭ ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلدى، مۇھىم يوليورۇق بەردى. 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يەنە بىر قېتىم يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشىمىزنى ئىلمىي يېتەكچىلىك، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى، ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا ئائىت تۈرلۈك تەدبىرلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، رايونغا ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ۋەزىيەتنى تېخىمۇ توغرا تەھلىل قىلىپ، (ئاخىرى 2 - بەتتە)




2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوتەن ئايرودرومىدا 171 دېھقان ئىشلەمچى جەنۇب ئاۋىياتسىيەسىنىڭ ھاۋادا ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، خۇنەن چاڭشادىكى ئىش ئورنىغا ئىشلەشكە ماڭدى. □ شۇ شياۋلۇڭ فوتوسى

# خوتەنلىك 171 دېھقان ئىشلەمچى ھاۋادا ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، خۇنەندىكى ئىش ئورنىغا ئىشلەشكە ماڭدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **پەرىزات ئابدۇل**، ئىختىيارىي مۇخبىرلار **نيۇ بىن، جۇ خۇڭجېي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوتەن ۋىلايىتىدىكى 171 دېھقان ئىشلەمچى جەنۇب ئاۋىياتسىيەسىنىڭ ھاۋادا ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، خۇنەن چاڭشادىكى ئىش ئورنىغا قايتىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماڭدى. بۇ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدە يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ.

ئىش ئورنىغا قايتىپ ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ بىخەتەر سەپەر قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، سەھىيە تارماقلىرى بۇ قېتىم يولغا چىقىدىغان ئىشلەمچىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى، (ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە بىر يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

## ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 25كە يەتتى

**ئۆز خەۋەرىمىز** 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە بىر ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاغرىق مىسالى.

بۇ ئاغرىق دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشى، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئەڭ يېڭى ئۆلچىمىگە يەتتى دەپ قارالدى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 25كە يەتتى، ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن 49ى بار.